# 13480 - رامزان ئېيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

## سۇئال

رامزان ئېيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە روزا تۇتۇشتىن نىمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

رامزان ئېيى ھىجرىيە كالېندارىدىكى ئەرەبچە 12 ئاينىڭ بىرى بولۇپ ئىسلام دىنىدا ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدىغان، بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقى بىلەن باشقا ئايلاردىن پەۋقۇلئاددە پەرقلىنىدىغان ئاي بولۇپ، بۇ ئاي تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە:

1- ئاللاھ تائالا بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى ئىسلامنىڭ تۆتىنچى ئاساسى قىلىپ بېكىتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«رامزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامزان روزىسىنى تۇتسۇن ..»** بەقەرە سۈرىسى 185- ئايەت» . بۇخارىي بىلەن مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: **«ئىسلام بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش»**.

2- بەقەرە سۈرىسى 185- ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى رامزاندا نازىل قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق.»**

3-ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ئارتۇق تۇرىدىغان شەبى قەدىر كېچىسىنى رامزان ئېيىدا قىلدى . ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىردە نازىل قىلدۇق، شەبى قەدىرنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شەبى قەدرى(شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر، پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ، شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ-ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر .»** سۈرە قەدەر 1-5- ئايەتكىچە. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: **« بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق.»** دۇخان سۈرىسى-3

ئايەت. ئاللاھ تائالا رامزاننى شەبى قەدرى كېچىسى بىلەن پەزىلەتتە ئارتۇق قىلدى، بۇ مۇبارەك كېچىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ قەدەر سۈرىسىنى نازىل قىلدى. شۇنداقلا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىنمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىندى . ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«سىلەرگە رامزاندىن ئىبارەت مۇبارەك ئاي يېتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى . بۇ ئايدا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى ئېتىلىدۇ، شەيتانلارغا كىشەن-تاقاق سېلىنىدۇ. بۇ ئايدا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بىر كېچە بولۇپ، ئۇ كېچە شەرەپ-پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ئارتۇق، بۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قالغان كىشى بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ.»** [نەسائىي 2106-، ئەھمەد 8769- ھەدىستە رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئالبانى سەھىھ ھەدىس دەپ بېكىتكەن]. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **« كىمكى قەدىر كېچىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلغان ھالەتتە ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى ئىشلىگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»** [بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

4- ئاللاھ تائالا رامزان ئىيىدا ئۈزىگە ئىشىنىپ ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتۇپ-ناماز ئوقۇشنى بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم بولىشىنىڭ سەۋەبى قىلدى. بۇخارىي ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى رامزاندا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىركى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ». «كىمكى رامزاننىڭ كېچىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ تەراۋىھ ئوقۇسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىركى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»** ( بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ).

بارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرى رامزاننىڭ كېچىلىرىدە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى.

5- ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا رامزاندا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋاتىدۇ . شەيتانلارغا تاقاق-كىشەن سېلىنىدۇ . بۇخارىي ۋە مۇسلىمدا ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ : **«رامزان ئىيى كىرگەندە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى ئېتىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ»**.

6- ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا رامزاننىڭ ھەر كېچىسى دوزاختىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازات قىلىدۇ. ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **« ئاللاھ تائالا ھەر كۈنى ئىپتار ۋاقتىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى دوزاختىن ئازات قىلىدۇ.»** [ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]. ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **« ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا**

**رامزاننىڭ ئىپى ئىچىدە دوزاختىن نۇرغۇن كىشلەرنى ئازات قىلىدۇ. رامزاندا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ .»** [بەززار رىۋايەت قىلغان].

7-ھەقىقەتەن رامزان روزىسى رامزاندىن بۇرۇنقى كىچىك گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: **«بەش ۋاقىت ناماز، جۈمە نامىزى يەنە بىر جۈمەگىچىلىك، رامزان روزىسى يەنە بىر رامزانغىچىلىك بولغان ئارلىقتىكى كىچىك گۇناھلار ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ.»** [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان].

8- رامزان ئىپىدا تۇتقان روزا باشقا ئون ئايلىق روزىنىڭ ساۋابىغا باراۋەر كېلىدۇ، ئەبى ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: **«كىمكى رامزان روزىسىدىن كىيىن شەۋۋال ئىپىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا يىل بويى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئىگە بولىدۇ.»** [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: **«كىمكى رامزان روزىسىنى تولۇق تۇتسا ئون ئاي روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا، روزى ھېيتتىن كىيىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا بىر يىل تولۇق روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئىگە بولىدۇ.»** [ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان].

9- كىمكى رامزاندا تەراۋىھ نامىزىنى ئىمام بىلەن ئوقۇپ بىرگە يانسا بىر كېچە ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ . ئەبى زەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **« كىمكى رامزاندا تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن بىرگە ئادا قىلىپ، مەسچىتتىن ئىمام بىلەن بىللە چىقىدىكەن، كېچىچە تەھەججۇد نامزى ئوقۇغان بىلەن باراۋەردۇر.»** [ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان].

10- رامزان ئىپىدا ئۈمرە قىلسا ھەج قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ . ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەنسارىلاردىن بولغان بىر ئايالغا: **«بىز بىلەن بىرگە ھەج قىلمامسىز؟ دىگەندە، ئۇ ئايال: بىزنىڭ سۇ تارتىدىغان ئىككى تۆگىمىز بار، يولدىشىم بىرىگە مىنىپ ھەجگە باردۇ، بىرىنى سۇ تارتىشقا ئىشلىتىمىز دىگەنتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: رامزان ئىپى كەلسە ئۈمۈر قىلىۋىلىڭ، رامزاندا قىلغان ئۈمرىنىڭ ساۋابى ھەجگە باراۋەر بولىدۇ دىدى .»** يەنە بىر رىۋايەتتە: **«مەن بىلەن بىرگە ھەج قىلغاننىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ دىدى.»** [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان].

11- رامزان ئىپىدا ئېتىكاپ قىلىش سۈننەت بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دائىم شۇنداق قىلاتتى . ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى : **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھغا ئۇچراشقانغا قەدەر ھەر يىلى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن كىيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈننىتىنى داۋاملاشتۇرغان.»** [بۇخاريي 1922-، مۇسلىم 1172-ھەدىستە رىۋايەت قىلغان].

12-رامزان ئېيىدا قۇرئان-كەرىمنى دەرسلىك قىلىش ۋە كۆپ ئوقۇش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ياخشى ئىشلارنىڭ بىرىدۇر . دەرسلىك قىلىش دېگەنلىك: ئوقۇغانلىرىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىش ۋە باشقىلارنىڭ ئوقۇغانلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قويۇشتىن ئىبارەت، بۇنىڭ دەلىلى: **« جىبرئىل ئەلەيھىسسالام رامزاننىڭ ھەر كېچىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ رەسۇلۇللاھتىن قۇرئان ئاڭلايتتى.»** [بۇخاريي ۋ ە مۇسلىم رىۋايىتى]. دائىم قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇش ياخشى بولسىمۇ بۇ رامزاندا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

13- رامزاندا روزى تۇتقۇچىلارغا ئىپتارلىق بېرىش ياخشى ئىشلاردىندۇر. زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن ئىپتار بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ .»** [بۇ ھەدىسنى تىرمىزى 807-، ئىبنى ماجە 1746- ھەدىستە رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئالبانى سەھىھ دەپ بېكىتكەن].

جانابى ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى زاتتۇر.